دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ئامېرىكا تەرەپنىڭ سۇيىقەستى، ھىيلە - مىكرى مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ

□ قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى شۋاڭخۇەن مەسچىتىنىڭ ياردەمچى ئىمامى  باتۇر باقى

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش «2019 - يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە بوھتان چاپلاپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تىرىشچانلىقىغا يامان نىيەتتە قارا چاپلىغانلىقى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق. شىنجاڭدىكى بىر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندىم، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ زومىگەرلىك تەپەككۇرى ۋە زوراۋانلىق لوگىكىسىنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

مەن شىنجاڭنىڭ قاراماي شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۇزاقتىن بۇيان، بىز ھەرقايسى مىللەتلەر ئىناق، دوستانە بىللە ياشاۋاتىمىز، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن ياخشى دوست. لېكىن قاچاندىن باشلاندىكىن، بىر قىسىم يامان نىيەتلىك كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ساددا دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى تەرغىب قىلىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھېسسىياتقا ئارازلىق سېلىشقا باشلىدى. بىر مەزگىل، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە زوراۋان - تېررورچى كۈچلەر جۇڭگو شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇش، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇردى. قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ئەسەبىزم ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار كىشىلەرگە قايتا تەربىيەلەش، قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنى مەنبەدىن يوقىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر، شۇنداقلا بىر زور ياخشى تەدبىر بولۇپ، ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان نۇرغۇن كىشىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. تەربىيەلىنىش، ئۆگىنىش ئارقىلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر تېررورىزم ۋە دىنىي ئەسەبىزمنىڭ ماھىيىتى ۋە خەۋپىنى ئېنىق تونۇدى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، شىنجاڭدا تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۆزلۈمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتى ئۈنۈملۈك توسۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرۈلدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى. شىنجاڭدا بىز ياخشى يەپ، ياخشى كىيىنىپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز، بىزنىڭ بۇ يەردە جەمئىيەت مۇقىم بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خاتىرجەم - ئىناق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، ھۆكۈمەت بىز دىنىي زاتلار ۋە كەڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈردى. ھۆكۈمەت ھەجگە بېرىش خىزمىتىنى تەشكىللىك، پىلانلىق قانات يايدۇرۇپ، ھەر يىلى ئايروپىلان ھۆددىگە ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چېگرادىن كىرىپ - چىقىش، داۋالىنىش، يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق جەھەتلەردە يۇقىرى سۈپەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەپ، ھەج پائالىيىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مەسچىتلەردە يەنە «يەتتىنى كىرگۈزۈش، ئىككى بولۇش» «توققۇزنى سەپلەش»نى يولغا قويۇپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە دىنىي پائالىيەت شارائىتىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى. بۇلارغا قارىتا، ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار، سىلەر ھەممىنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ تامامەن بىزگە كەلسە - كەلمەس قول تىقىش ھوقۇقۇڭلار يوق.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولدى، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئەتى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈلدى، بىزنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇمىز، بەخت تۇيغۇمىز، بىخەتەرلىك تۇيغۇمىز ئۆزلۈكسىز ئاشتى. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى، يەنە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشى ۋە ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغان، زىيارەتتە بولغان چەت ئەللىك دوستلار ئۆز كۆزى بىلەن بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە گۇۋاھ بولۇپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجە - ئۈنۈمنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. لېكىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» دەل شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە شىنجاڭنىڭ بۇ نەچچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجە - ئۈنۈمىگە يامان نىيەتتە قارا چاپلىغانلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئاشكارا ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا ئەخلاق - ھەققانىيلىق ۋە ئىنسانىي ۋىجدانغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىق، سېپى ئۆزىدىن زومىگەرلىك قىلمىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»قا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش رەزىل سۇيىقەستىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، خاراكتېرى ئىنتايىن قەبىھ، غەرىزى ئىنتايىن رەزىل، ۋاستىسى ئىنتايىن رەزىل.

بىر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھۆكۈمەت قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىنى قەتئىي قوللايمەن، مەن ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى: ھېچقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە گۈللىنىشى، مۇقىم بولۇشىنى توسۇيالمايدۇ، ھېچقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ! سىلەرنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزۈڭلار ھەقىقىي ئەھۋالنى مەڭگۈ ياپالمايدۇ، سىلەرنىڭ سۇيىقەستىڭلار، ھىيلە - مىكرىڭلار مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ!

قەلب ساداسى

# يالغان - ياۋىداق سۆزلەر بىلەن بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا كاشىلا قىلماڭلار

□ پىچان ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  ئېرپانجان ئۆمەر

مېنىڭ ئىسمىم ئېرپانجان ئۆمەر، گۈزەل كىچىك شەھەر پىچان ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىمدىن تارتىپلا ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە ئوينايتتىم. ھالبۇكى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن باشلاپ، كۆپ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇققا ئائىت ئۈن - سىنلارنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن بارغانسېرى تېرىككەك بولۇپ قالدىم، قوشنىلار بىلەن دائىم جېدەللىشىپلا قالماي، يەنە ئانامغا زەھەرخەندە سۆزلەرنى قىلدىم، ھەتتا يان تېلېفون ئارقىلىق باشقىلارغا زوراۋانلىق، تېررورلۇققا ئائىت ئۈن - سىنلارنى يوللىدىم. مەن دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلدىم، قىلمىشىم يېنىكرەك بولغاچقا تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگەندىم. تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن قايتىدىن جەمئىيەتكە سىڭىشىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمەن.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگەندىم، يەنە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىۋالدىم. ئىلگىرى مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلى سەۋىيەم تۆۋەن بولۇپ، بىر قىسىم ئاددىي سۆزلەرنىلا چۈشىنەلەيتتىم، ھازىر دۆلەت ئورتاق تىلدا نورمال پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان بولدۇم، بۇنىڭ مېنىڭ سودا قىلىشىمغا ناھايىتى زور ياردىمى بولدى. ئىلگىرى مەدەنىيەت سەۋىيەم تۆۋەن ئىدى، قانۇن ئېڭىم كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، ئۆگىنىش ئارقىلىق قانۇن ئېڭىم كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش ئىقتىدارىم ئىنتايىن زور كۈچەيدى، نېمىنىڭ قانۇنلۇق، نېمىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى، نېمە ئىشنى قىلسا بولىدىغانلىقى، نېمە ئىشنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىنىڭ تامىقى ئىنتايىن ياخشى، لەڭمەن، جۇۋاۋا، توخۇ قورۇمىسى قاتارلىق مەززىلىك تاماقلار بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ھەقسىز. بۇ يەردە مەنمۇ ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈردۈم، ئۆيدىكىلەر، ئەتراپىمدىكى دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى مەندىكى ئۆزگىرىشنىڭ ناھايىتى چوڭلۇقىنى ماختاشتى.

مەن ئىلگىرى نىمكەش ئۆي سودىسى قىلاتتىم، دۆلەت ئورتاق تىلى سەۋىيەم تۆۋەن بولغاچقا، جەمئىيەت ئالاقە ئىقتىدارىمغا تەسىر يەتكەنلىكتىن، خېرىدارلىرىم ئانچە كۆپ ئەمەس، سودامۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورتاق تىلى سەۋىيەمنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ پايدىسىدىن خېرىدارلىرىم ۋە دوستلىرىم خېلىلا كۆپەيدى، كىرىممۇ زور دەرىجىدە ئاشتى. ھازىر، مەن يەنە قوشۇمچە نىمكەش ئاپتوموبىل سودىسى قىلىۋاتىمەن، مەھەللە كادىرلىرىمۇ دائىم ماڭا خېرىدار تونۇشتۇرىدۇ، مېنىڭ ئائىلىلىك كىرىمىم 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا. تەلىم - تەربىيە مەركىزى كاللامدىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېنى قۇتقۇزۇۋالدى، تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ باياشات، بەختلىك قىلدى، مەن ھۆكۈمەتكە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئۆز كەچۈرمىشىم ئارقىلىق كۆپچىلىككە شۇنى ئېيتىمەنكى، «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ جىنايى ماھىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك، ئۇلار مىللەت، دىنىي دەستەك قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھەدەپ تارقاتتى، ئاممىنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى سادىر قىلىشقا قايمۇقتۇرۇش، قۇتراتتىش ئارقىلىق ئۇلارنى تېررورلۇق پەيدا قىلىش، ۋەتەننى پارچىلاشتىكى زەمبىرەك يېمىگە ئايلاندۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. ئەگەر ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئىشەنسەك، دۇچ كېلىدىغىنىمىز پەقەت خانىۋەيران بولۇش، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ گۇناھكارىغا ئايلىنىش بولۇپ قالىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقى مېنى ئىنتايىن غەزەپلەندۈردى. ئامېرىكىدىكى بۇ سىياسەتۋازلاردىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىدۇكى، سىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟ سىلەر شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمىز توغرىسىدا كەلسە - كەلمەس بىلجىرلايدىغانغا نېمە سالاھىيىتىڭلار بار. سىلەر ئوبيېكتىپ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، بىزنىڭ ھازىرقى تىنچ، مۇقىم تۇرمۇشىمىزغا كۆز يۇمۇپ، تەلىم - تەربىيە مەركىزى توغرىسىدا پىتنە - ئىغۋا تارقاتتىڭلار، تۆھمەت قىلدىڭلار، بوھتان چاپلىدىڭلار، مەقسىتىڭلار نېمە؟ مەن پۈتۈن دۇنياغا ئۈنلۈك ئاۋازدا شۇنى ئېيتىمەنكى، تەلىم - تەربىيە مەركىزى مەكتەپ، ھەرگىزمۇ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ئويدۇرۇپ چىققاندەك ئاتالمىش «جازا لاگېرى» ئەمەس، بىز سىرتتىكىلەرنىڭ تۆھمەت قىلىشى ۋە بوھتان چاپلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز، باشقىلارنىڭ ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا تېخىمۇ يول قويمايمىز.

بۇنىڭدىن كېيىن مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقىنى داۋاملىق ئۆگىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكىگە باشلامچىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، كەچۈرمىشلىرىمنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىغا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ماھىيىتى ھەم خەۋپىنى ئېنىق تونۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى ئورتاق قوغدايمەن.

# ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مۇقىم بەختكە تىرەك بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى 11 ئېيىدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن تەشكىللىك يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 75 مىڭ 933 ئادەم بولۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %189.8ى ئورۇندالغان. 2018 - يىلىدىن 2019 - يىلى 11 - ئايغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭ ئىچىدە رايون ھالقىپ يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق «ئائىلە بىر تۈركۈم» يولى ئارقىلىق، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن 144 مىڭ 603 ئادەمنى تەشكىللىك يۆتكەپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشان - ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇندىغان.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تېخىمۇ كۆپ نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتا ئاساسقا، كىرىمنى ئاشۇرۇشتا ئۈمىدكە ئىگە بولدى. 2018 - يىلى، ئاپتونوم رايون دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يېرىك پىلانىنى تۈزۈپ، يولغا قويۇپ، ئۈچ يىلدا ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن 100 مىڭ ئادەمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

يۆتكىلىپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، قېپقالالايدىغان بولغاندىلا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە ئاندىن ياخشى نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كەسپىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لياڭ پېڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇقىملىقىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، «ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مەخسۇس تەربىيەلەش يۈرۈشلۈكى»نى ئېچىپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش شەرتىنى ھازىرلىغان نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى بويىچە تەربىيەلەش ۋە ئاساسىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەشنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرغان. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرلىگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن 186 مىڭ 300 ئادەم قېتىمنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلىگەن بولۇپ، يىللىق نىشان - ۋەزىپىنىڭ %199.49نى ئورۇندىغان. تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى ئېشىپ، ئۇزاق مۇددەت ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان.

مۇقىم خىزمەت ۋە كىرىم نامرات ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىدى، شۇنداقلا نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىستىكىنى كۈچەيتتى.

ئەكبەرنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇ ۋە خوتۇنى كۈندىلىك چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندە بىر ئايدا 4000 يۈەن يىغالايدىكەن، بۇنداق بولغاندا، ئائىلىسى ناھايىتى تېزلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىكەن. «بىز پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، خىزمەت پۇرسىتىنى قەدىرلەپ، ياخشى ئىشلەپ، كۆپرەك پۇل ئامانەت قويۇپ، كەلگۈسىدە ئۈرۈمچىدە ماكانلىشىپ، ئوغلىمىز ۋە ئاتا - ئانىمىزنى ئېلىپ كېلىپ، ئېجىل - ئىناق تۇرمۇش كەچۈرىمىز» دېدى ئەكبەر غەيرەتكە تولۇپ تاشقان ھالدا.

# تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ ئارقىلىق ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

«مەن پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دەيمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قوللايدىغان بىر قاتار ئالاھىدە سىياسەتلەرنى تۈزدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى، بىز چىن قەلبىمىزدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى.» شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى ئىقتىساد - جەمئىيەت تەرەققىياتى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، پىروفېسسور بۇھەجەر ئابلا مۇنداق دېدى: ئامېرىكا ئوتتۇرىغا چىقارغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پەقەت ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇتتى، پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان قىلىدۇ.

## مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن كۆپ تۆھپە قوشىمىز

«مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جان تومۇرى!» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى(مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى(يۈەنجاڭى) ھەببۇللا سالام مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن خەلقنى تىنچ - خاتىرجەم، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپ قاراپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغداپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تىنچلىقى، ئىتتىپاقلىقىغا، خاتىرجەم ياشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›نى ماقۇللىشى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ‹ئۈچ خىل كۈچ›كە يانتاياق بولۇپ يەل بەرگەنلىك، بۇ، ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانلىق، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالغانلىق، يامانغا يانتاياق بولغانلىق بولۇپ، نىيىتى رەزىل! بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىغا بېرىلگەن ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە!»

«مەن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىم، ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايىتى بار تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، كۆتۈرەڭگۈ، يۇقىرى ئۆرلەيدىغان روھىي قىياپەتكە ئىگە بولۇپ، بىرەر ماھارەت ئىگىلەپ، تۇماندىن قۇتۇلۇپ يورۇقلۇققا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، مەن چىن قەلبىمدىن بۇ خىزمەتكە ئاپىرىن ئېيتتىم!» ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس ئالىم ياقۇپ مۇنداق دېدى: «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇيالمايدۇ. ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىششقا، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.»

## قول تۇتۇشۇپ گۈزەل شىنجاڭنى ئورتاق قۇرىمىز

«شىنجاڭنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق بولغان، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، بىز ئۇنى ھەسسىلەپ ئاسراپ، ھەسسىلەپ قەدىرلىشىمىز، ھەرقانداق كۈچنىڭ ئۆكتەملىك بىلەن ئارىلىششىغا، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىشىغا قەتئىي يول قويماسلىقىمىز كېرەك!» شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ دوتسېنتى زۆرەم باۋۇدۇن مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بار، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مەزمۇت. ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىمەن.»

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ئابان مالىتقان مۇنداق دېدى: «مۇقىملىق — بەخت، مالىمانچىلىق — ئاپەت. ھازىر، شىنجاڭ جەمئىيىتى گۈللىنىش، مۇقىملىقنى سىجىل ساقلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىيات مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. پەقەت بىز بىرلىكتە زىچ ئىتتىپاقلاشساقلا، چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز. شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىلگىرىلىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ھىيلە - مىكرنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.»

(مۇخبىرىمىز فەن خۇڭبى يازغان)

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)